شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2021 - يىل 3 - ئاي
28
يەكشەنبە
维吾尔文 3 月28日
25374 - سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى
چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى   مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65–0002/–W   پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 57–1   تىيانشان تورى: www.ts.cn

مىسىردا پويىز سوقۇلۇپ كېتىش ۋەقەسى يۈزبەرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن

شى جىنپىڭ مىسىر زۇڭتۇڭى سىيسىغا ھال سوراش تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تېلېگرامىسى 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ مىسىردا پويىز سوقۇلۇپ كېتىش ۋەقەسى يۈزبەرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن مىسىر زۇڭتۇڭى سىيسىغا ھال سوراش تېلېگراممىسى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ ھال سوراش تېلېگراممىسىدا مۇنداق كۆرسەتتى: مىسىردا پويىز سوقۇلۇپ كېتىش ۋەقەسى يۈزبېرىپ، ئېغىر زور تالاپەت كۆرۈلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ چۆچۈپ كەتتىم. مەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن ھەم ئۆز نامىمدىن قازا قىلغانلارغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمەن، قازا قىلغانلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ۋە يارىلانغانلاردىن سەممىي ھال سورايمەن، يارىلانغانلارنىڭ سالامەتلىكىنىڭ بالدۇرراق ئەسلىگە كېلىشىگە تىلەكداشمەن.

3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۆرتكە بولايلى

ئاساسىي داۋالىنىش ئادىل، يېتىشچان بولدى

☐ **ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى سۇ لۇپىڭ**

ئىشىك ئالدىدىلا داغلىق دوختۇرلارغا كۆرۈنەلەيدىغان بولدى، ناھىيەلىك دوختۇرخانىلاردا ماشىنا ئادەم بار بولدى، يېزا - بازارلىق دوختۇرخانىلار ئوپېراتسىيە قىلالايدىغان بولدى، چوڭ سانلىق مەلۇمات، بۇلۇت داۋالاش كېسەللەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، قولايلىقلاردىن تولۇق بەھرىمەن قىلدى…

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، داۋالاش ئىسلاھاتىنىڭ سالمىقىنى زورايتىپ، ساغلاملىق ئىشلىرىدا ئۈچقاندەك تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈردى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 898 يېزا - بازارلىق دوختۇرخانا، 8602 كەنت داۋالاش ئۆيىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى تاماملاندى؛ «قالپىقى ئېلىۋېتىلگەن» 32 نامرات ناھىيەنىڭ ھەممىسىدە زىچ تىپتىكى داۋالاش ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىندى؛ يېزىلاردىكى نامرات رايونلاردا يېزا - كەنت ئىككى دەرىجىلىك داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتلىرى ۋە خادىملىرى «يوق نۇقتا»لار تارىخىي خاراكتېرلىك تۈگىتىلىپ، ئاساسىي داۋالىنىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى زور دەرىجىدە ئاشتى.

«كېسەل كۆرسىتىش قىيىن بولۇش» «كېسەل كۆرسىتىش يىراق بولۇش»قا خاتىمە بېرىلدى

بىر يىلنىڭ ئالدىدا تۇيۇقسىز قوزغالغان مېڭە تىقىلمىسى تىلغا ئېلىنسا، گۇما ناھىيەسى قوشتاغ بازىرىنىڭ قوشتاغ كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى ئەنۋەر ۋايىتنىڭ ھېلىمۇ يۈرىكى جىغىلدايدۇ: «ھازىرقى گۇما ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسى ۋاقتىدا قۇتقۇزمىغان بولسا، پالەچ بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى».

320 مىڭ نوپۇسى بار گۇما ناھىيەسى ئىلگىرى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئېغىر نامرات ناھىيە بولۇپ، ئۇزاقتىن بۇيان يۈرەك، مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرى قاتارلىقلارنىڭ قوزغىلىش نىسبىتى يۇقىرى ئىدى. ناھىيە دەرىجىلىك داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرى ئاجىز، ئىختىساسلىقلار كەمچىل، تېخنىكا سەۋىيەسى تۆۋەن بولغاچقا، شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ ھەمىشە خوتەن شەھىرى ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا يۆتكىلىپ كېسەل كۆرسىتىشىگە توغرا كېلەتتى.

2020 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش قۇرۇلۇشىنى سىجىل، چوڭقۇر يولغا قويۇپ، دىققەتنى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»كە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاساسىي داۋالىنىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتىكى گەۋدىلىك مەسىللەرنى كۆچەپ ھەل قىلىپ، ئۈچ دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارنىڭ نىشانلىق ياردەم بېرىشى - يۆلىشىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، ئاساسىي قاتلام داۋالاش ئاپپاراتلىرى، خادىملىرى يوق نۇقتىلارنى ئومۇميۈزلۈك تۈگەتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇش كوللېكتىپى يېتەكچى قىلىنىپ، ئەنخۇينىڭ ياردەم بېرىش - يۆلەش بايلىقى، قىسىم دوختۇرخانىلىرىنىڭ ياردەم بېرىش - يۆلەش كۈچى ماسلاشتۇرۇپ بىرىكتۈرۈلۈپ، بىر باشقۇرۇش ئۈرنىكى ئارقىلىق داۋالاش سۈپىتى ۋە بىخەتەرلىكى چىڭ تۇتۇلدى، بىر مۇتەخەسسىسلەر كوللېكتىپى ئارقىلىق يېڭى تېخنىكا، يېڭى تۈرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش قاتارلىقلار قانات يايدۇرۇلدى، بىر مەخسۇس بۆلۈملەر ئىتتىپاقى كوللېكتىپى ئارقىلىق مەخسۇس بۆلۈم مۇلازىمەت ئىقتىدارى بارلىققا كەلتۈرۈلدى،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

100 يىللىق كۈرەش يولى   يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش

100 يىللىق پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىپ، دەۋرنىڭ ئېغىر ۋەزىپىسىنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىگە ئېلىش

—— ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىدىن كارتىنىلار

پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش   ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈش
ئەمەلىي ئىش قىلىش   يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش

☐ **ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى جاۋ شىيا**

ياشلار، ئۆسمۈرلەر دۆلەتنىڭ كەلگۈسى ۋە مىللەتنىڭ ئۈمىدى. ئوقۇش باشلانغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئالىي، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر تور بىلەن تور سىرتىنى، دەرس ئىچى بىلەن دەرس سىرتىنى بىرلەشتۈرۈپ، مەكتەپتىكى كىچىك دەرسخانا بىلەن جەمئىيەت چوڭ دەرسخانىسىنىڭ «ماس قەدەمدە تەڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈش»ىگە پائال تۈرتكە بولۇپ، ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، كەڭ ياشلار، ئۆسمۈرلەرنى پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىش مېڭىشقا ئىرادە باغلاش، ئىنقىلابىي روھقا ۋارىسلىق قىلىشقا يېتەكلەپ، قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىش داۋامىدا دەۋر نۇرىنى جۇلالاندۇرۇشقا ئىمكانىيەت ياراتتى.

پارتىيە تارىخى ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسىگە سىڭدۈرۈلدى

3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، شىنجاڭ سىفەن داشۆسى بەرپا قىلغان يېڭى دەۋر مەدەنىيلىكنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى بازىسى ھەم جۇڭگو مەدەنىيىتى تەربىيەسى بازىسى ۋە ماركسىزم نەزەرىيەسى تەربىيەسى بازىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

بۇ بازىنى قۇرۇش شىنجاڭ سىفەن داشۆسىنىڭ ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئەمەلىيەت ئوقۇتۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ بىرى. شىنجاڭ سىفەن داشۆسى پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى، ماركسىزم شۆيۈەنىنىڭ مۇدىرى سۈن شيۇلىڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئوقۇش باشلانغاندىن بۇيان، مەكتەپتىكى تۆرلۈك ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسلىرىدە بىردەك «تۆت تارىخ» مەخسۇس تېمىلاشتۇرۇلغان دەرسخانا ئوقۇتۇشى ئۆتۈلۈپ، ئايلانما دەرسخانا، سىنغا ئېلىش، ئەسەرلەرنى كۆرگەزمە قىلىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىل ئارقىلىق «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭدا» قاتارلىق باش تېمىلاردىكى ئوقۇتۇش ئەمەلىيەت پائالىيىتى قاراتمىلىق قانات يايدۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 24 - قېتىملىق يىغىنى يېپىلدى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **ۋاڭ نا** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 24 - قېتىملىق يىغىنى يېپىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەردىن 56 كىشى يىغىنغا قاتناشتى، بۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش نىزامى» ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى، «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ‹ئاپتونوم رايونىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى بىۋاستە سايلاشنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى›گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى» «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ناھىيە، يېزا ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلاش ۋاقتى توغرىسىدىكى قارارى» «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سانى ۋە دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ سانىنى بېكىتىش توغرىسىدىكى قارارى» ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

شىنشىڭ شەھىرى ۋۋسكا ئېسىپ قۇرۇلدى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاڭ شياۋيەن** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، بىڭتۇەننىڭ باشقۇرۇشىدىكى 11 - شەھەر —— شىنشىڭ شەھىرى ۋۋسكا ئېسىپ قۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۇەننىڭ جىڭۋېيىسى ۋاڭ جۈنجىڭ شىنشىڭ شەھىرىنىڭ ۋۋسكا يوپۇقىنى ئاچتى ھەم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، بىڭتۇەننىڭ سىلىڭيۈەنى پېڭ جياررۇي ۋۋسكا ئېسىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قادىلبېك قامزا شىنشىڭ شەھىرىنى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى ئالاقىدار تەستىقىي جاۋابھۆججىتىنى ئوقۇدى ھەم شىنشىڭ شەھىرىنىڭ ۋۋسكا يوپۇقىنى ئاچتى.

ۋاڭ جۈنجىڭ سۆزىدە مۇنداق دېدى: بىڭتۇەننىڭ شى بىلەن شەھەرنى بىرىكتۈرۈش تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇشى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش، بىڭتۇەن خىزمىتىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم، زور تەدبىرى. شىنشىڭ شەھىرىنى پىلانلاشتىن ۋۋسكا ئېسىشقىچە، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك ئىككى تەرەپ بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسەتتى ۋە يۈرەك قېنىنى سىڭدۈردى. 13 - شى شەھەر قۇرۇلۇشى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

تۈنجى قەدەمنى ياخشى ئالايلى   يېڭى كەيپىيات يارىتايلى

ئالدىنقى ئىككى ئايدا پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىيەت ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 54.9% ئاشتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **خېيى خۇڭۋېي**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق سودا ئىشلىرى نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، ئالدىنقى ئىككى ئايدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرىدا تېز قايتا ئۆرلەشتەك ياخشى باشلىنىش ۋەزىيىتى كۆرۈلگەن، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىيەت ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 50 مىليارد 145 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 54.9% ئاشقان.

سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، ئالدىنقى ئىككى ئايدا پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە نورمىدىن يۇقىرى ئورۇنلار ئىشقا ئاشۇرغان جەمئىيەت ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 22 مىليارد 155 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 87% ئاشقان. شەھەر - يېزا بازارلىرى تېزدىن قايتا جانلىنىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى شەھەر - بازارلاردا ئىشقا ئاشۇرۇلغان جەمئىيەت ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 21 مىليارد 178 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 85.9% ئاشقان؛ يېزا - كەنتلەردە ئىشقا ئاشۇرۇلغان جەمئىيەت ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 968 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 1.1 ھەسسە ئاشقان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ياتاق، يېمەك - ئىچمەك كەسپى، يېڭىچە ئىستېمال قاتارلىقلاردا زور نىسبەتتە ئېشىش ئىشقا ئاشۇرۇلغان، ئاشلىق، ياغ، يېمەكلىك، ئاپتوموبىل، نېفىت قاتارلىق زۆرۈر ئېھتىياجلىق تاۋارلار، نۇقتىلىق تاۋارلاردا بىردەك تېز ئېشىش ئىشقا ئاشۇرۇلغان.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى

3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ئىشچىلار كۇچا ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىغا جايلاشقان شىنجاڭ شىيى توقۇمىچىلىق پەن - تېخنىكىسى چەكلىك شىركىتىنىڭ سىرتتىن زاكاز قىلىنغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارماقتا. ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈشتىكى نۇقتىلىق باشلامچى كارخانىلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇ شىركەت بۇ يىل تۇنجى پەسىلدىلا 150 مىليون يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى ياراتتى.

☐ يۈەن خۇەنخۇەن فوتوسى

دۆلەت كارخانىلىرى ئۆستىدە ئىزدىنىش   يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا قاراش

شىنجاڭ ئېنېرگىيە گۇرۇھىنىڭ كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن سېتىشىنىڭ ھەر ئىككىلىسى جانلاندى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **ما يىنىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: توك چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان كۆمۈر ئېھتىياجىنىڭ ئېشىشىنىڭ تۈرتكىسىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنىڭ ھەر ئىككىلىسى جانلاندى، شىنجاڭ ئېنېرگىيە (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ شىنجاڭ ئېنېرگىيە گۇرۇھى دەپ ئېلىنىدى)نىڭ كۆمۈر كان قۇرۇلۇشى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. بۇ يىل 1 -، 2 - ئايدا 793 مىڭ توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 195.9% ئاشتى؛ كەسىپ زەنجىرىدىكى شىركەتلەرنىڭ كۆمۈر سېتىش پايدىسى 38 مىليون 296 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 786.82% ئاشتى.

3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، شىنجاڭ ئېنېرگىيە (گۇرۇھ) خوتەن بۇيا كانچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئۈستى ئوچۇق كانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش نەق مەيدانىدا، ئىشلەنمىگەن تاشكۆمۈر توشۇيدىغان ئاپتوموبىللارغا تەرتىپلىك قاچىلىنىۋاتاتتى، ھەرقايسى قىزىش رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش نەق مەيدانى تەرتىپلىك ئىدى. خوتەن ۋىلايىتىدىكى نۇقتىلىق كۆمۈر بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىدىغان كارخانا بولۇش سۈپىتى بىلەن، 2020 - يىلى خوتەن بۇيا كانچىلىق شىركىتى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كۆمۈرچىلىك بويىچە «بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش، باھانى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ياخشى ئىشلەپ، پۈتۈن بىر يىلدا جەمئىي 600 مىڭ توننىدىن ئارتۇق خەلق تۇرمۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان كۆمۈر ۋە توك چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان كۆمۈر بىلەن تەمىنلىدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)